شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
1
يەكشەنبە
维吾尔文 9月1日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24805 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى نىزامى»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى نىزامى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تەشۋىقات خىزمىتى پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇھىم خىزمىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئەۋزەللىكى. «نىزام»نىڭ تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنىشى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى، تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىشىشى، قېلىپلىشىشى، تۈزۈملىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار «نىزام»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، تەشۋىق قىلىش - يېيىپ چۈشەندۈرۈش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسىنى ئېلان قىلدى

چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 17 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى «چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيە بولۇپ، «ئىككى يۈز يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى ۋەزىيەتتە، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئاچقۇچ — بىرقانچە مۇناسىۋەتنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى تەڭ تۇتۇشتا، كەڭ كۆلەمدە ئاچماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات - يېڭىلىق يارىتىش، ئىستراتېگىيەلىك بىرتۇتاش پىلانلاش، بىرلىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندۇرۇشتا.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش كېرەك. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئالاقىدار تارماقلار ۋە دەريا بويىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، تىپ ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتىدا ئىزدىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، خىرىس ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ بۇرچنى زىممىگە ئېلىش كۈچنى مۇجەسسەملەپ يېڭى سەھىپە يېزىش

— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك مەخسۇس تېملىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

☐مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، 8 - ئاينىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە يۇقىرى سۈپەتلىك مەخسۇس تېملىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش جاسارىتى بىلەن ھاسىلاتنى ئېيدىتلاپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى تارماق، ئورۇن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

■دىققەتنى باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭقۇر تەھلىل قىلىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار مەخسۇس تېملىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ تۇتۇپ، دىققەتنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتتە سېلىشتۇرۇش» «تۆتتىن تېپىش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مەخسۇس تېملىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن يىغىندىن ئىلگىرىكى تەييارلىقنى پۇختا، ياخشى ئىشلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

كارخانا مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىگە ئېلىش ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش

— ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك زىيارەت

☐مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە(گۇرۇھ)چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تەمىنات - سودا مەبلەغ سېلىش(پاي كونترول)گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بانكىسى پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان كارخانىلار ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، كونكرېت مەسىلىلەردىن باشلاپ تۇتۇپ، ئامما ئەڭ نارازى بولۇۋاتقان جايلاردىن باشلاپ ئۆزگەرتىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى «ھەقىقىي، ئەمەلىي» ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

■دەل جايىدا سىياسەت يۈرگۈزۈش ئاغرىش نۇقتىسى، قىيىن نۇقتىنى ھەل قىلىش

يېقىندا، جۇڭگو نېفت، تەبىئىي گاز گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كەيگۇەننى ئېچىپ تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە(گۇرۇھ)چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قارىمىقىدىكى جەنيۈەن شىركىتى يېڭى رەڭلىك لىنىيەدە گاز يەتكۈزۈش يۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، فۇكاڭ كەسپلەر باغچە رايونىدىكى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق ۋە تەبىئىي گاز ئىشلىتىشتە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كەسپلەر باغچىسى «تەبىئىي گازلاشتۇرۇلغان باغچە رايونى»نىڭ مۇھىت ئاسراش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

ھەيۋەتلىك، گۈزەل تاشقورغان

مەنزىرىسى گۈزەل تاشقورغان مەنزىرە رايونى(8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تارتىلغان).
تاشقورغان تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق ئۈچ چوڭ تاشقورغاننىڭ بىرى. ☐مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

تەشكىللىك بولۇش، كەسپىلىشىش، تۈرلىشىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى

كورلىنىڭ پېدائىيلار مۇلازىمىتى مەدەنىيلىك داڭلىق ماركىسىغا ئايلاندى

مۇخبىرلىرىمىز **شىن ياپىڭ، شۇ چىڭگۇاڭ، ۋاڭ يۈجاۋ** خەۋەر قىلىدۇ: ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن يازلىق تەتىلدە، بىرتۈرلۈك «قىز باللارنى قوغداش» ناملىق پېدائىيلار مۇلازىمىتى كورلا شەھىرى ھەم ئەتراپىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۈنتىنسىز قانات يايدۇرۇلدى. مەخسۇس تەربىيەلەنگەن پېدائىيلار جانلىق، تېتىك، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلگەن نەق مەيدان ئوقۇتۇشى ئارقىلىق، ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىللىقلىق، غەمخورلۇقنى باللار ۋە ئاتا - ئانىلارغا يەتكۈزدى.

بۇ يىل كورلا شەھەرلىك ئىللىق قۇياش نۇرى جەمئىيەت خىزمىتى مۇلازىمەت مەركىزى بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرغان ئىككىنچى يىل. بۇ مەركەزنىڭ مەسئۇلى لى شياۋخۇڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «قىز باللارنى قوغداش» تۈرى جۇڭگو ئۆسمۈرلەر - باللار مەدەنىيەت - سەنئەت فوندى جەمئىيىتىدىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىر كورلا شەھىرىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشتى.

«كورلا شەھىرىنىڭ پېدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتى تەشكىللىك بولۇش، كەسپىلىشىش، تۈرلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، دەۋر يېڭى ئىستىلىنى تارقىتىدىغان، توغرا جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان مەدەنىيلىك داڭلىق ماركىسىغا ئايلاندى» دېدى كورلا شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ شياۋجۈەن مۇخبىرلارغا.

كورلا شەھىرى ئۇدا تۆت نۆۋەت مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بولدى، پېدائىيلار مۇلازىمىتى بۇ شەھەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر مۇھىم تۇتقا. بۇ يىللاردا، كورلا شەھىرى پېدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز 2019 - يىللىق مىنىستىرلىق - ئاپتونوم رايون خىزمەت كېڭىشىشى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە 2019 - يىللىق مىنىستىرلىق - ئاپتونوم رايون خىزمەت كېڭىشىشى ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇشنى تېزلەتتى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مىنىستىر ۋاڭ جىگاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، بىرلىكتە مىنىستىرلىق - ئاپتونوم رايون خىزمەت كېڭىشىش تۈزۈمى كېلىشىمى ئىمزالىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

لى پېڭشىن قىزىلسۇ، قەشقەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مەغرۇرلۇقتىن، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە، شەھەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مەنزىرە گۈزەل، ئادەم گۈزەل، ئىككىسى خوپمۇ ماسلاشقان

سۆز ھەممىگە

☐شۇ چىڭگۇاڭ

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»دە بىر خەۋەر بېسىلدى: ئونسۇ پاكلىق مەنزىرە رايونىنىڭ خىزمەتچىسى ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمىدى، يىتتۈرۈپ قويغۇچى چىن كۆڭلىدىن تەرىپلەپ: «ئاقسۇنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن، ئادەملىرى تېخىمۇ گۈزەل ئىكەن!»دېدى. گەرچە بۇ كىچىك ئىش بولسىمۇ شىنجاڭنىڭ ساياھەت تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ۋە زاپاس كۈچىنى نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى

新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP